بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

53- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/03/15

مىلادىيە: 2018/11/23

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

t.me/@tipislamawazi

t.me/@eserler

## ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي نَجِيح عِرْبَاضِ بْنِ سَارِيَةَ رضي الله عنه قَالَ: «صَلَّى لَنَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْفَجْرَ، ثُمَّ أَقْبَلَ عَلَيْنَا، فَوَعَظَنَا مَوْعِظَةً بَلِيغَةً، ذَرَفَتْ لَهَا الْأَعْيُنُ، وَوَجِلَتْ مِنْهَا الْقُلُوبُ، قُلْنَا أَوْ قَالُوا: <يَا رَسُولَ اللَّهِ، كَأَنَّ هَذِهِ مَوْعِظَةُ مُوَدِّعٍ، فَأَوْصِنَا>، قَالَ: <أُوصِيكُمْ بِتَقْوَى اللَّهِ وَالسَّمْعِ وَالطَّاعَةِ وَإِنْ كَانَ عَبْدًا حَبَشِيًّا، فَإِنَّهُ مَنْ يَعِشْ مِنْكُمْ يَرَى بَعْدِي اخْتِلَافًا كَثِيرًا، فَعَلَيْكُمْ بِسُنَّتِي وَسُنَّةِ الْخُلَفَاءِ الرَّاشِدِينَ الْمَهْدِيِّينَ، وَعَضُّوا عَلَيْهَا بِالنَّوَاجِذِ، وَإِيَّاكُمْ وَمُحْدَثَاتِ الْأُمُورِ، فَإِنَّ كُلَّ مُحْدَثَةٍ بِدْعَةٌ، وَإِنَّ كُلَّ بِدْعَةٍ ضَلَالَةٌ>».

ئەبۇ نەجىھ ئىرباز ئىبنى سارىيە رضي الله عنهدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بىزگە ئىمام بولۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى، ئاندىن بىزگە بۇرۇلۇپ ناھايىتى تەسىرلىك بىر نەسىھەت قىلدىكى، كۆزلىرىمىزدىن ياش تۆكۈلۈپ، قەلبلىرىمىز تىترەپ كەتتى. بىر كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سۆز ۋىدالاشقۇچىنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدەك قىلىدۇ. بىزگە قىلىدىغان ۋەسىيىتىڭ بارمۇ؟> دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: <سىلەرگە اللهتىن قورقۇشنى، سىلەرگە باش بولغان كىشى ھەبەشىستانلىق قۇل بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ. بۇيرۇقىغا قەتئىي ئىتائەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئىچىڭلاردىن كىمكى مەندىن كېيىن ياشىسا كۆپ ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمگە ۋە توغرا يولغا يېتەكلەنگەن ھەم باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار. ئۇنى ئېزىق چىشىڭلار بىلەن چىشلەڭلار (يەنى چىڭ تۇتۇڭلار). دىنغا يېڭىدىن پەيدا قىلىپ قوشۇپ قويۇلغان ھەرقانداق ئىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ھەقىقەتەن يېڭى پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق ئىش بىدئەتتۇر، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر>» (ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، ۋەز-نەسىھەت قىلىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى، لېكىن ۋەز-نەسىھەت ئۆز ئورنىدا بولۇشى ۋە كۆپ بولۇپ كېتىپ باشقىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىقى.

ئىككىنچى، ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ تەسىرلىك سۆز-ئىبارىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشىنىڭ مۇھىملىقى.

ئۈچىنچى، قەلب اللهتىن قورققاندىلا كۆزنىڭ ياش تۆكىدىغانلىقى، قەلب قاتقانسېرى كۆزنىڭ ياش تۆكمەيدىغانلىقى. (الله تعالى بىزنى ۋە سىلەرنى قەلبنىڭ قېتىپ كېتىشىدىن ساقلىسۇن!)

تۆتىنچى، كىشىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئۆزىگە ۋەسىيەت تەلەپ قىلىشىنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، بەندىگە قىلىدىغان ۋەسىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىمراقى — اللهقا بولغان تەقۋالىق ئىكەنلىكى.

ئالتىنچى، اللهقا تەقۋا بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى. «اللهقا تەقۋا بولۇش»نىڭ — شەرىئەت بۇيرۇغاننى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە تولۇق ئىجرا قىلىش ۋە چەكلىگەن ئىشلاردىن تەلتۆكۈس يىراق بولۇش ئىكەنلىكى.

يەتتىنچى، ئەمىرلەرگە شەرىئەت بويىچە ئىتائەت قىلىشنىڭ پەرزلىكى. رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ قۇلنى مىسال كەلتۈرۈشى — قۇلنىڭ ئەمىر بولۇشىنىڭ جائىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەستىن بەلكى ئەمىرلەرنىڭ چىراي-شەكلى كۆرۈمسىز بولغان تەقدىردىمۇ شەرىئەت بويىچە باشقۇرسىلا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكى.

سەككىزىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ كەلگۈسى ئىشلاردىن خەۋەر بەرگەنلىكى — ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل بولىدىغان مۆجىزىلەردىن ئىكەنلىكى. ئەمەلىيەتتىمۇ خۇددى رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگەندەك، مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشتى ۋە نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى.

توققۇزىنچى، توغرا يولدىكى ئادىل خەلىپىلەر بولسا ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رضي الله عنهملار بولۇپ، مانا بۇلارنىڭ بىرەرى چىقارغان ھۆكۈم ئۇلاردىن كېيىنكى ھەرقانداق كىشىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى. چۈنكى، ئۇلار سۈننەتتە (يەنى شەرىئەتتە) تېخىمۇ ئىلىملىك ۋە دىندا تېخىمۇ تەقۋا ھەم ئېھتىياتچان كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكى.

ئونىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەرنىڭ زامانىدا مەۋجۇت بولمىغان ھەرقانداق ئېتىقاد ۋە «ساۋاب بولىدۇ» دېيىلگەن ھەرقانداق سۆز ۋە ھەرىكەتنىڭ بىدئەت ئىكەنلىكى، ھەممىسىنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا ھېچبىر پايدا ۋە ھىدايەتنىڭ يوقلۇقى. گەرچە ئۇنى پەيدا قىلغانلار ئۇنى «پايدىلىق» دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، پۈتۈنلەي يامان ۋە زىيانلىق ئىش ئىكەنلىكى.

ئون بىرىنچى، مۇسۇلمانلار دۇچار بولغان دىنىي چۈشەنچىدىكى بۇرمىلىنىش ۋە ھەرخىل پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — ئىسلامنىڭ ساپ بۇلىقى بولغان قۇرئان ۋە سۈننەت (يەنى ھەدىس)كىلا قايتىش ئىكەنلىكى. چۈنكى، بۇ دىنىنىڭ مۇشۇ ئىككىسى بىلەنلا قەد كۆتۈرىدىغانلىقى، شۇڭا بۇ ئىككىسىدىن باشقىسى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە ۋە يىقىلىشقا قاراپ ماڭىدىغانلىقى.

## دىنىي ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئەلى رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «سەۋر بىلەن ئىماننىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى باش بىلەن بەدەننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا سەۋرسىز كىشىدە ئىمان تۇرمايدۇ» (ئىمام لەلكائى سەھىھ ئىسناد بىلەن نەقىل قىلغان).

بۈيۈك ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى الله! بىزگە ئىماننى، جەزمىيەتنى ۋە فىقھى (شەرئىي ھۆكۈملەرنى توغرا چۈشىنىش)نى زىيادە قىلغىن» (ئىمام لەلكائى سەھىھ ئىسناد بىلەن نەقىل قىلغان).

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ دەردا رضي الله عنهملار: «ئىمان كۈچىيىپ ۋە ئاجىزلىشىپ تۇرىدۇ» دەيتتى (ئىمام لەلكائى سەھىھ ئىسناد بىلەن نەقىل قىلغان).

ئىمام ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ رحمه الله مۇنداق دېگەن: «ئەھلى سۈننەتنىڭ قارىشىدا ئىمان — سۆز ۋە ئەمەلدۇر» (ئىمام لەلكائى سەھىھ ئىسناد بىلەن نەقىل قىلغان).

ئەھلى سۈننەت ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رحمه الله مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئەمەل ئارقىلىق كۈچىيىدۇ، ئەمەلنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق ئاجىزلىشىدۇ» (ئىمام لەلكائى سەھىھ ئىسناد بىلەن نەقىل قىلغان).

ئىمام ھەسەن بەسرى رحمه الله مۇنداق دېگەن: «ئىمان — كۆرۈنۈشتە ئەمەللەرنى چىرايلىق قىلىپ قويۇش ۋە جەننەتنى خىيال قىلىپ قويۇش بىلەن بولماستىن بەلكى قەلبلەردە مۇستەھكەم ئورنىغان ۋە ئەمەللەر ئارقىلىق راستقا چىقىرىلغان نەرسىدۇر» (خەتىب باغدادىينىڭ «اقتضاء العلم العمل» ناملىق كىتابى 56- نومۇرلۇق سۆز).

ئىمام شافىئىي رحمه الله: «ئىمان — سۆز ۋە ئەمەل بولۇپ، ئۇ كۈچىيىپ ۋە ئاجىزلىشىپ تۇرىدۇ. يەنى ئۇ ئىتائەت ۋە ئىبادەتلەر بىلەن كۈچىيىدۇ، ئاسىيلىق ۋە گۇناھلار بىلەن ئاجىزلىشىدۇ» دەپ بولغاندىن كېيىن، «مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن...» دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى («فتح الباري» 1- توم 62- بەت).

ھافىز (ھەدىسشۇناس) ئىمام ئابدۇللاھ ھۇمەيدى رحمه الله مۇنداق دېگەن: «ئىمان — سۆز ۋە ئەمەل بولۇپ، ئۇ زىيادە بولىدۇ ۋە كەم بولىدۇ. ئەمەلسىز سۆز پايدا بەرمەيدۇ؛ نىيەتسىز ئەمەل ۋە سۆزمۇ پايدا بەرمەيدۇ؛ سۈننەتسىز (يەنى سۈننەتكە ياكى شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولماي تۇرۇپ) ھېچبىر سۆز، ئەمەل ۋە نىيەت پايدا بەرمەيدۇ» (ئىمام ھۇمەيدىنىڭ «أصول السنة» ناملىق كىتابى 2- توم 546- بەت).

ھافىز (ھەدىسشۇناس) ئەبۇ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلبەر رحمه الله مۇنداق دېگەن: «فىقھشۇناسلار ۋە ھەدىسشۇناسلار شۇنىڭغا ئىجماغا كەلگەنكى: <ئىمان — سۆز ۋە ئەمەل بولۇپ، نىيەتسىز ھېچبىر ئەمەل قوبۇل بولمايدۇ. ئىمان بولسا اللهقا ئىتائەت قىلىش بىلەن كۈچىيىدۇ، ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئاجىزلىشىدۇ شۇنداقلا اللهقا بولغان ئىتائەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ھېسابلىنىدۇ» («التمهيد» 9- توم 238- بەت).

بارلىق ساھابىلەر، تابىئىنلار، ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن ھەدىسشۇناسلار، فىقھشۇناسلار ۋە دىن ئىماملىرى شۇنداقلا مۇشۇلارغا ئىزچىل ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ھەققىدە يۇقىرىقىدەك ئېتىقادتا بولغان بولۇپ، سەلەف ۋە خەلەفلەردىن ھېچبىر كىشى ئۇلارغا قارشى پىكىردە بولمىغان. پەقەت ھەقتىن بۇرۇلغان تائىپىلەرلا بۇنىڭغا زىت چۈشەنچىدە بولغان.

دېمەك، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ نەزىرىدىكى ئىماننىڭ مەنىسى توغرىسىدا خۇلاسە سۆز شۇكى:

ئىمان — بەندىنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم ئورنىغان، ئۇنى سۆزى ۋە ئەمەلى ئارقىلىق ئەمەللەشتۈرگەن ھەمدە اللهنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە چەكلىگەنلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق بەدەن ئەزالىرىدا نەتىجىسى ئېنىق كۆرۈلگەن نەرسىدۇر. چۈنكى، ئىشەنچلىك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ ئۆزىنىڭ بۈيۈك رەببىدىن ئېلىپ كەلگەن بارچە مەلۇماتلارغا ئېتىقاد، ئىقرار ۋە ئەمەل جەھەتتە «راست» دەپ ئىشەنگەن ھەر قانداق كىشىگە «ئىمان» كەلىمىسى ھەقىقەتەن ماس كېلىدۇ. بەندىلەر ئىماندا ھەرگىزمۇ ئۆزئارا باراۋەر بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى قەلبىدە تەستىقلاپ ۋە تىلىدا ئىقرار قىلغان بولسا، لېكىن بەدەن ئەزالىرى ئارقىلىق بۇيرۇلغان پەرزلەرنى ئادا قىلمىسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشى ھەرگىزمۇ «مۇئمىن» دېگەن نامغا ھەقلىق بولمايدۇ؛ كىمكى تىل بىلەن ئىقرار قىلىپ، بەدەن ئەزالىرى ئارقىلىق پەرزلەرنى ئادا قىلسا، لېكىن بۇ ئىشلارنى قەلبى تەستىقلىمىسا، ئۇنداقتا، بۇ كىشىمۇ «مۇئمىن» دېگەن نامغا ھەقلىق بولمايدۇ. كىمكى ئەمەلنى ئىماندىن ئايرىپ چۈشەندۈرىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ كىشى مۇرجىئە، بىدئەتچى ۋە ئازغۇن ھېسابلىنىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## ھېكمەت دۇردانىلىرى

**1**

مۇئمىنلەرنىڭ زىيىنى بەدىلىگە كاپىرغا ياردەملىشىش — خىيالىي ئىززەت ۋە ھەقىقىي خارلىقتۇر. «ئۇلار مۇئمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟! (يەنى كۇففارلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟) ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى اللهقا خاستۇر» (سۈرە نىسا 139- ئايەت).

— ئابدۇلئەزىز تەرىپى

**2**

تارىخنى ئوقۇغان كىشى شۇنى بايقايدۇكى، كۇپرى دىيارلىرىنى فەتھ قىلغان قوماندانلار ۋەتەنچى ياكى مىللەتچى ۋە ياكى ئىلمانىزمچى بولماستىن بەلكى پەقەتلا ئىسلامچى بولغان ئىدى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلمىگەن ۋە شانلىق تارىخلىرىنى ئوقۇمىغان ئۈممەتتە ياخشىلىق يوق. ئۆمەر رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «بىز خار ئىدۇق، الله بىزنى ئىسلام ئارقىلىق ئەزىز قىلدى. ئەگەر بىز ئەزىزلىكنى ئىسلامدىن باشقا نەرسىدىن ئىزدەيدىغان بولساق، الله بىزنى خارلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ» («ئەبۇ ئابدۇلمەلىك قانىلى»دىن ئېلىنىدى).

# غازاتلار تارىخى



### ئەنەس ئىبنى نەزىر رضي الله عنه ۋەقەلىكىدىكى ئىبرەتلەر

بىرىنچى، جىھاد يولىدا جان تەقدىم قىلىشنىڭ پەزىلىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى، گەرچە ئۆزىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغان دەرىجىدە بىسىم بولسىمۇ، ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ پەزىلەتلىك ئىش ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، جىھاد ئۈچۈن شەھىدلىكنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاشتىن ئىبارەت چەكلەنگەن ئىش قاتارىغا كىرمەيدىغانلىقى.

تۆتىنچى، ئەنەس ئىبنى نەزىر رضي الله عنهنىڭ ئاشكارا پەزىلىتى، ئۇنىڭدىكى ئىماننىڭ سەھىھ ۋە ساغلاملىقى، ئۇنىڭدىكى تەقۋالىق، پەرزكارلىق ۋە ئاخىرەتكە بولغان جەزمىي ئىشەنچىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، غەلىبە-نۇسرەتنىڭ باشتىن ئاخىرى اللهنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى. لېكىن، بۇ غەلىبە-نۇسرەت بىزدىن الله بىلەن بىرگە تۇرىدىغان مۆئمىن قەلبلەرنىڭ ۋە پارچىلانماس، بۆلۈنمەس بىر سەپتىكى مۇقاتىل (جەڭچى)لارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى.

ئالتىنچى، ئۇھۇد جېڭى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ مەيلى ئۇرۇش ياكى تىنچلىق مەزگىلىدە بولسۇن ئوخشاشلا رەھبەرلىككە ئىتائەت قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئەمەلىي دەرس ۋە ئىبرەتتۇر.

يەتتىنچى، جەڭدە غەنىيمەتكە ئېرىشىشكە قاتتىق ھېرىس بولغان تەمەخور قەلب بىلەن ماڭماسلىقنىڭ لازىملىقى. يەنى بۇنداق قەلبنى تەربىيلەپ ئۆزگەرتىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكى.

سەككىزىنچى، ئۇممۇمنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار ئىشلاردا بۇيرۇققا ئىتائەتسىزلىك قىلىش ۋە اللهقا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ زىيانلىرى پەقەت شۇ ئىتائەتسىزلىكنى سادىر قىلغان كىشىلەر بىلەنلا چەكلەنمەستىن بەلكى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا ئورتاق بولىدىغانلىقى. شۇڭا، ھەربىرىمىز مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىدىغان مۇھىم ئورۇندا تۇرغان ۋاقتىمىزدا ئۆز خىزمىتىمىزگە سەل قاراپ، نەتىجىدە شۇ ئورۇندىن ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىنىپ قېلىنىشىدىن قاتتىق ھەزەر قىلىشىمىز كېرەك.

### (ئۇھۇد ئۇرۇشىدىكى) زىياندىش كەلىمە

ئۇلارنىڭ «سىلەر غەنىيمەتلەرنى قولدىن بەرمەڭلار!» دېگەن كەلىمىسى بولسا ناچار ۋە زىياندىش كەلىمە بولۇپ، بۇ كەلىمە — يامانلىقتا كۆپ بۇيرۇيدىغان نەپسىنىڭ ھەمدە ئىنسانىي زەئىپلىك ۋە ئاجىزلىقنىڭ كەلىمىسىدۇر لېكىن، قۇرئان كەرىم بۇ كەلىمىنى «نەپسىنىڭ كەلىمىسى» دەپ چۈشەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولغان دۇنيا مۇھەببىتىنىڭ قالدۇقلىرى ھەتتا پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئوقياچىلارنىڭ تاغدىن قايتىپ چۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دەل شۇ پەيتتە پۈتۈن ئىسلام ئارمىيىسى مۇسىبەتلەنگەن.

ھەرقانداق ئىنسان دۇنيانى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت قىلىدۇ. لېكىن، دۇنيا مۇھەببىتىنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بولغان مۇھەببەتكە باراۋەر بولۇشى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشى دۇرۇس ئەمەستۇر. بۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇنياغا بولغان تەمە ۋە ئىنتىلىشلەرنىڭ اللهنىڭ بۇيرۇقى، اللهنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقى، اللهنىڭ ھۆكۈمى ۋە شەرىئىتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلۇشى دۇرۇس ئەمەستۇر.

بۇ كەلىمە بولسا ئىنساننىڭ نەپسى ئەقىل-ئىدراكسىز ھالدا سۆزلەيدىغان كەلىمە بولۇپ، ئۇ بىر پۈتۈن ئىسلام ئارمىيىسىنى ھالاك قىلدى. نەپسىنىڭ شۇ زىياندىش كەلىمىسى سەۋەبتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىق يەرلىرى، مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلغىلى بولىدىغان مۇھىم يوچۇقلار قوغدىغۇچىسىز قالدى ھەمدە مۇشرىكلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. مانا بۇ ئىشلار نەپسىنىڭ ئەنە شۇ زىياندىش كەلىمىسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، اللهنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن يۈز بەردى. مۇسۇلمانلار ئېغىر سىناققا يولۇقتى ۋە قاتتىق ساراسىمگە چۈشتى. ھەتتا «رەسۇلۇللاھ ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن خەۋەرمۇ تارقالدى. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى «غەنىيمەتلەرنى قولدىن بەرمەڭلار!» دېگەن زىياندىش كەلىمىنىڭ سەۋەبىدىن بولدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)

# پەرقلەر تارىخى



## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەزرەق ئىبنى قەيس نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: [بىز ئەھۋاز دېگەن جايدا ھەرۇرىيلار (يەنى خاۋارىجلار) بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئىدۇق. بىر چاغدا مەن دەريانىڭ تۈۋىگە كېلىپ قاپتىمەن. قارىغۇدەك بولسام، بىر كىشى (يەنى مەلۇم بىر ساھابە) ئۇلىغىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان ھالدا ناماز ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلاغ ئۇ كىشىنى تارتقۇچلاۋاتقان، ئۇ كىشى بولسا ئۇلىغىغا ئەگەشكەن ھالەتتە ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن. شۇئبە (يەنى ئەبۇ بەرزەتە ئەسلەمى) رضي الله عنه مۇنداق دېدى: «خاۋارىجلاردىن بىرى: <ئى الله! بۇ شەيخنى ھالاك قىلغىن> دېگەن ئىدى، ھېلىقى كىشى (يەنى ھېلىقى ساھابە) نامازدىن قايتقاندا مۇنداق دېدى: <مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلىدىم. مەن ئىلگىرى رەسۇلۇللاھ بىلەن يەتتە-سەككىز قېتىملىق غازاتقا قاتناشتىم، رەسۇلۇللاھنىڭ كىشىلەرگە دىنىنى چىڭىتماي بەلكى قانداق ھالەتتە دىنىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىگە شاھىد بولغانمەن. ئۇلىغىمغا پات-پات قاراپ قويۇپ ناماز ئوقۇشۇم ئۇلىغىمنى خالىغان يېرىگە قويۇپ بېرىپ، ئۇنى ئىزدەپ مۇشەققەت تارتىشىمدىن سۆيۈملۈكراقتۇر>»] (بۇخارى توپلىغان).

مانا بۇ — ئۇلارنىڭ كاتتا ساھابىلەرگە، بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺگە دەسلەپتە ياردەم بەرگەن ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە دەسلەپتە جىھاد قىلغان ساھابىلەرگە قىلغان گۇناھكارلارچە قىلمىشىدۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ساھابىلەردىن كېيىن ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدىغان ياخشى ۋە ئۇلۇغ كىشىلەرگە قانداقمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلمىسۇن؟! چۈنكى ئۇلار ئىلىملىك ۋە ياخشى كىشىلەرگە قارىتا تولىمۇ «جۈرئەتلىك» ۋە تولىمۇ ئەدەپسىزدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرى، بىلىمسىزلىكلىرى ۋە ئاشقۇنلۇقلىرىغا قارشى پىكىردە بولغان ھەرقانداق كىشىنى ھۆرمەت قىلمايدۇ. گەرچە ئۇ كىشى ئۇلۇغ ۋە ياخشى كىشىلەردىن ھەمدە ئىلگىرى الله يولىدا جىھاد قىلىش ۋە ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش قاتارلىق تۆھپىلەرنى قوشقان پەزىلەتلىك يېتەكچى ۋە ئىماملارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان تەقدىردىمۇ ھۆرمەت قىلمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىلەن ئازراق ئىختىلاپ بولۇپ بولغۇچە، دەرھال گۇناھكارغا چىقىرىش، ئازغۇنغا چىقىرىش، جىنايەتچىگە چىقىرىش، خىيانەتچىگە چىقىرىش ۋە مۇناپىققا چىقىرىش قاتارلىق تەكفىر (كاپىرغا چىقىرىش) ۋە تەفسىق (پاسىققا چىقىرىش) ئىبارىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى قارىلايدۇ. (الله پاناھ بەرسۇن!)

سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمەيدىغان، كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمايدىغان ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمايدىغان كىشى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» (ئىمام ئەھمەد نەقىل قىلغان، «صحيح ترغيب» ناملىق كىتاب 96- ھەدىس). يەنى ئىلىملىكلىرىمىزگە ئېھتىرام قىلىش، ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش بولسا ئۇلارنىڭ ھەققىنى تونۇغانلىقتۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «(دىن يولىدا خىزمەت قىلىپ) ياشانغان مۇسۇلماننى، قۇرئاننى (شەرىئەتنى) چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي ۋە تاشلاپمۇ قويماي ئۆزلەشتۈرگەن ئادەمنى ھەمدە ئادالەتلىك ھۆكۈمراننى ھۆرمەتلەش بولسا اللهنى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر» («صحيح سنن أبي داود» 4053- ھەدىس).

شەئبى مۇنداق دېگەن: «زەيد ئىبنى سابىت بىر مېيىتقا جىنازا نامازى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېچىرى مىنىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەنىدى، (ئۇنىڭ قېچىرىغا مىنىشى ئۈچۈن) ئىبنى ئابباس كېلىپ ئۇنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن زەيد: <ئى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى! ئۇنداق قىلمىغىن> دېگەنىدى، ئىبنى ئابباس: <بىز بىلىملىك ئالىملىرىمىزغا ۋە چوڭلىرىمىزغا مۇشۇنداق (ھۆرمەت) قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز> دېدى. ئاندىن زەيد ئۇنىڭغا: <قولۇڭنى ماڭا كۆرسەتكىن> دېدى. ئۇ قولىنى چىقارغانىدى، زەيد دەرھال ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ: <بىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ جەمەتىگە مانا مۇشۇنداق (ھۆرمەت) قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز> دېدى» (بۇ ھەدىسنى تەبەرانى، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان. ھافىز ئىراقى «إحياء علوم الدين» ناملىق كىتابنىڭ 1- توم 63- بېتىدە خاتىرىلىگەن).

قاراڭ! مانا بۇ ئەدەپسىز ۋە ئاشقۇن خاۋارىجلار ئەنە شۇ يۈكسەك ۋە ئالىي ئەخلاقلاردىن نېمىدېگەن يىراق-ھە!

ئۇلار سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺنىڭ چوڭلار، پەزىلەتلىكلەر ۋە ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ھەققى ۋە ھۆرمىتى توغرىسىدا بەرگەن كۆرسەتمە ۋە يوليورۇقلىرىدىن نە قەدەر يىراقلىقتا-ھە!



(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟
كەچ بولسىمۇ ئۇچالايدۇ،
مەنزىل تامان قونالايدۇ.

2. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ!
ئىككى قۇش بار
قانات يايغان،
ئۇچۇپ-ئۇچۇپ
هارمايدىغان.
سىمىز پۈتلۈق
يۈرەر بىرسى،
ئارام ئالار
ھەر كېچىسى.
بىرسى بولۇپ
ئورۇق-سىمىز،
يەرگە قونماي
ئۇچار ئېگىز.
ئىچمەيدۇ سۇ،
يېمەيدۇ دان،
تۈندە سەيلە
قىلار ھامان.
قانداق قۇش ئۇ،
ئويلاپ بېقىڭ!؟
بەلگىسىدىن
جاۋاب تېپىڭ.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:
1. يوپۇرماق.
2. تاغار، خالتا.



# ئىسلام ۋە بۈگۈنكى دۇنيا





## ئىدلىب ۋەزىيىتى هازىرقى هالىتىدە داۋاملىشامدۇ؟

ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئۆكتىچى مىچىل كېيلونىڭ بىر پارچە سىياسىي تەھلىلى تارقالغان بولۇپ، كېيلو بۇ ماقالىدە ئىدلىب ۋەزىيىتىنىڭ هازىرقىدەك تىنچلىق هالىتىدە داۋاملىشىدىغانلىقى ۋە بۇ داۋاملىشىشنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك بولىدىغانلىقىنى كۆچلەندۈرگەن (ماقالىدە مۇنداق تەكىتلەنگەن: «تۈركلەر شىمالىي سۈرىيىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ساقلاپ قالىدۇ. رۇسىيە بولسا بۇ مەسىلىدە تۈركىيىدىن هالقىپ كېتەلمەيدۇ»). دەل شۇنىڭدەك، ئىرانمۇ ئۇيەر-بۇيەرلەردە غەۋغا پەيدا قىلىشتىن ئارتۇق ئىش قىلالمايدۇ.

### يۇقىرىقى تەھلىلگە ئىنكاس:

بىزنىڭ رۇسىيىنىڭ مەقسەتلىرى ۋە تۈركىيىنىڭ سۈرىيە ئىنقىلابى كۆزلىگەن مەنپەئەتلەر ئالدىدىكى پرىنسىپچانلىقىغا شەك پەيدا قىلىشىمىز مۇھىم ئەمەس. بىز تۈركىيە مەنپەئەتى بىلەن بۇ ئىنقىلاب مەنپەئەتلىرىنىڭ سۆھبەت ۋە مۇرەسسە ئۈستىلىگە قويۇلغان ۋاقتىدىكى تۈركىيىگە ئىشەنچ قىلالمايمىز.

كېيلو: «تۈركلەر شىمالىي سۈرىيىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ساقلاپ قالىدۇ» دېدى. ئۇنداقتا، ئۇ تىلغا ئالغان شىمالىي سۈرىيىنىڭ كۆلىمى ۋە چېگراسى نەدىن-نەگىچە؟!

شۇنى تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، تۈركىيە سۈرىيە ئىنقىلابىدىن ئېشىپ قالغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇدەك يەر كۆلىمىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇندىن باشقا جايلارغا تەدرىجى سۆھبەت ۋە مۇرەسسە قىلىش ئۈچۈن تەييار تۇرىدۇ. بەلكىم، تۈركىيە يوقسىزلار كۈن كەچۈرۈۋاتقان چېدىرلار رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن كەتكەن چېگرا لېنىيىسى بىلەن كۇپايىلىنىشى مۇمكىن. تۈركىيە بۇ يوقسىزلارنى ئۆز دۆلىتىگە هەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئاخىرقى هېسابتا ئەسەد هۆكۈمىتىمۇ ئۇلارنى هەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. پەيتى كەلگەندە، ئۇلارنى خەلقئارا ئىستىخبارات كۈچلىرى تۇتۇپ كېتىشى مۇمكىن.

مۇجاھىدلار بولسا بىرەر رىبات نۇقتىسىنى ئەسەد ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ پايدىسىغا تاشلاپ بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار رۇسىيە ۋە تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىملەرگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، كەلگۈسىدىكى كېلىشىم مەلۇم بىر مەنتىقىنى مۇجاھىدلارنىڭ تاپشۇرۇۋېلىشىغا قارار چىقىرىشى ۋە كېيلو گېپىنى قىلىۋاتقان شۇنداقلا تۈركىيە كۈچىنى ساقلاۋاتقان شىمالىي سۈرىيە ئۆز هالىتى بويىچە قېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

كېيلو يەنە: «رۇسىيە بولسا بۇ مەسىلىدە تۈركىيىدىن هالقىپ كېتەلمەيدۇ» دېدى. ئېھتىمال ئىش ئۇ دېگەندەك بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، رۇسىيە ۋە تۈركىيىنىڭ مەنپەئەتى توقۇنۇشۇپ قالغان هەرقانداق بىر پەيتتە، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئالاقىلىرى يىمىرىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بىر كىشى: «تۈركىيە پات يېقىندا رۇسىيىنىڭ ئىدلىبتىكى هەرىكىتىگە چەك قويىدۇ» دەيدىكەن، ئۇنداقتا بۇ هەرىكەت رۇسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى بىر كېلىشىم بىلەنلا بارلىققا كېلەلىشى مۇمكىن.

مۇجاھىدلار پەقەت ئۆز رەببىگە، ئاندىن كېيىن قالسا دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىشى ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقلىرىغىلا ئىشەنچ قىلىدۇ («سىياسىي ئاڭ تارقىتىش ئىستانسىلىرى» قانىلىدىن ئېلىندى).

## «تاياق ۋە سەۋزە ئۇسلۇبى»

ئامېرىكا يەنى پىنتاگون (هەربىي ئىشلار مىنىستىرلىقى جايلاشقان بەش بۇرجەكلىك بىنا) قىسقىچە مۇنداق ئىپادە بىلدۈردى: «قانداق بىر تەرەپ شىمالىي سۈرىيىدە هەربىي هەرىكەت ئېلىپ باردىكەن، ئەنە شۇ تەرەپ يەتكۈدەك پاراكەندىچىلىككە سەۋەبچى بولغان بولىدۇ. بىز بۇنداق هەرىكەتلەرنى هەرگىز قوبۇل قىلالمايمىز».

رۇسىيىنىڭ قىسقىچە ئىپادىسى مۇنداق: «تۈركىيىنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇتقان ئايرىم پوزىتسىيىلىرى بار. مانا بۇ يەردە سۈرىيە مەسىلىسى ھەققىدە موسكۋا بىلەن ئەنقەرە ئوتتۇرىسىدا بەزىبىر ئورتاق پوزىتسىيەلەر بار بولۇپ، ئامېرىكا بۇ خىل پوزىتسىيىلەرنى <رايوندا يۈز بېرىۋاتقان كرىزىسلارنىڭ سەۋەبى> دەپ قارىلىدى».

### يۇقىرىقى بايانلارغا ئىنكاس:

ئامېرىكا بىلەن تۈركىيە ئىتتىپاقداش (يەنى قەسەمداش) بولغان ئىككى دۆلەت بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا مۇئەييەن ئورتاق مەنپەئەتلەر، مەزگىللىك يىغىنلار، دائىملىق تەتقىقاتلار ۋە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىشلەر مەۋجۇت.

كۈرد بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلىرى ئامېرىكىنىڭ سۈرىيىدىكى يەرلىك ۋەكىلى ياكى مەينەتچىلىك شېرىكى بولۇپ، ئامېرىكا بۇلارنى دائىشقا ۋە ئىران كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى خىزمەتكە سېلىشتىن هەرگىز بىھاجەت بولالمايدۇ.

مانا بۇ رېئاللىقتا مۇۋاپىق كېلىۋاتقان ئامېرىكا-تۈركىيە سىياسىتى بولسا «قوچاقتا ئېلىش» سىياسىتى بولۇپ، بۇ خىل سىياسەت «تاياق ۋە سەۋزە ئۇسلۇبى» دېيىلىدۇ (يەنى بۇ سۆز ئەرەبلەرنىڭ «ئېشەكنى تاياقتا هەيدەيمىز، بۇنىڭغا ئۇنىمىسا سەۋزە بېرىپ هەيدەيمىز» دېگەن سۆزىنىڭ يىغىندىسى). ياكى بۇ خىل سىياسەت «ئىتتىپاقداش ۋە دۈشمەن سىنارىيىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قانداق ئاتىساڭلا مەيلى، لېكىن ئۇيەر-بۇيەردە ئېلان قىلىنغان بۇنداق كۆپ بايانلارغا ئالدانماڭ!

كۈرد قورallıق ئۇنسۇرلىرى بولسا بىر توپ چارۋىلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنى «قوچاقتا ئېلىش» ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدىكى مەنپەئەتلەرنى بېرىش ۋە ئىنتايىن ئاز زىيانلارنى تارتىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. مانا بۇ — ئامېرىكا بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا بىرلىككە كېلىنگەن بىر سىياسەت بولۇپ، بۇ سىياسەت هازىر تەدرىجى تەتبىقلانماقتا («سىياسىي ئاڭ تارقىتىش ئىستانسىلىرى» قانىلىدىن ئېلىندى).



# ئەسكىرىي تەلىم




(بېشى ئالدىنقى ساندا)

### رازۋېدكىغا كېتىدىغان نورمال ئادەم سانى

بىر قېتىملىق رازۋېدكىغا كېتەرلىك نورمال ئادەم سانى ئادەتتە ئون بولىدۇ، ئوندىن ئاز بولۇپ قالسا RPG، قەنناس ۋە پىلىموتچىلارغا يارداەمچى يېتىشمەيدۇ. رازۋېدكا جەريانىدا تاسادىپىي دۈشمەن سېزىپ قېلىپ تۇتۇشۇپ قالساق، ئاز ئادەم بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرماق تەسكە توختايدۇ. ئەگەر ئارىمىزدىن بىرەرسى شەھىد ياكى يارىدار بولۇپ قالسا، بۇنى يۆتكەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىش تېخىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. كۆپرەك ئادەم بولسا، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالساقمۇ ئاز ئادەمگە قارىغاندا ياخشىراق تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ، شەھىد ۋە يارىدارلارنىمۇ ئاسانراق ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيمىز. لېكىن ئادەم بەك كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ رازۋېدكىنىڭ يوشۇرۇنلۇقىغا تەسىر يېتىدۇ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس نورمال ئادەم سانى ئون بولىدۇ. لېكىن كۆپ ئادەم كىرىشكە ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ يەر شارائىتىغا قاراپ مۇۋاپىق ئادەم كۆپەيتىلسە بولىدۇ.

### گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ رەت تەرتىپى ۋە ۋەزىپىسى

ئىككى ئاساسىي رازۋېدچىك ئەڭ ئالدىدا كۆزىتىپ ماڭىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار يەڭگىل بولۇشى ۋە يول يۈرگەندە هوشيار بولۇشى كېرەك. (بىرىنچى رازۋېدچىك كۆزىتىۋاتقاندا ئىككىنچى رازۋېدچىك ئۇنى قوغدايدۇ ۋە ئەمىرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىرىنچى رازۋېدچىكقا يەتكۈزىدۇ.) رازۋېدكىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئىككى ئاساسىي رازۋېدچىك ۋە شۇ رازۋېدكا گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمىرىگە باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي رازۋېدچىك رازۋېدكا گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى رازۋېدچىكلاردا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر ئەڭ مۇكەممەل تېپىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. بۇ ئىككىيلەننىڭ قورالىدا ئاۋاز پەسەيتكۈچ بولسا تېخىمۇ ياخشى. رازۋېدكىغا كىرگەندە ئوق ئېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، ئوق ئاتساق دۈشمەن ئاڭلاپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئاۋاز پەسەيتكۈچنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن، رازۋېدكىدا ئوق چىقارساق بولمايدىغان يەرلەردە ئالدىمىزغا يىرتقۇچ هايۋان ئۇچراپ قېلىشى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئوق ئېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەمىر ئۈچىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. ئەمىرمۇ يەڭگىل ۋە ئەستايىدىل بولۇشى، ئالدىراڭغۇ بولماسلىقى، هەرقانداق ئىشقا يولۇققاندا جىددىيلەشمەسلىكى، قېرىنداشلارنى ياخشى تەرتىپ قىلىشى ۋە قېرىنداشلارنى هەرۋاقىت رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرالايدىغان، شارائىتقا قاراپ ئۆز ئالدىغا بۇيرۇق قىلالايدىغان، ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك بولۇشى كېرەك.

پىلىموت ئاتقۇچى تۆتىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. بۇ كىشى جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى، يول يۈرگەندە ئەتراپنى ۋە ئەمىرنى كۆزىتىپ مېڭىشى، تۇيۇقسىز دۈشمەن چىقىپ قالسا قەيەرگە ئورۇنلىشىش ۋە قەيەردە تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىشنى پىكىر قىلىپ تەييار هالەتتە مېڭىشى كېرەك.

پىلىموت ئاتقۇچى يارداەمچىسى بەشىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. بۇ كىشى هەر دائىم پىلىموت ئاتقۇچى بىلەن بىللە مېڭىشى، ئۇنى قوغدىشى ۋە ياردەم بېرىشى، پىلىموت ئاتقۇچى ئوق ئېتىۋاتقاندا دۈشمەننى كۆزىتىپ بېرىشى كېرەك. زۆرۈر بولغاندا پىلىموتنى ئاتالايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك.

RPG ئاتقۇچى ئالتىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. RPG ئاتقۇچى جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى، هەرۋاقىت زېرەك بولۇپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق ئورۇنلارنى كۆرۈپ مېڭىشى كېرەك.

RPG ئاتقۇچى يارداەمچىسى يەتتىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. ئۇ هەر ۋاقىت RPG ئاتقۇچى بىلەن بىللە مېڭىشى، ئۇنى قوغدىشى، زۆرۈر بولغاندا RPGنى ئاتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

ئەسكەرتىش: نائىب ئەمىرلىككە لايىق كىشىنى RPG ئاتقۇچى قىلىش كېرەك. ئەمىر شەھىد بولۇپ كەتسە RPG ئاتقۇچى ئەمىر بولىدۇ. نائىب ئەمىرنىڭ RPG ئاتقۇچى بولۇشىدىكى سەۋەب — RPGئاتقۇچىنىڭ ئورنى گۇرۇپپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقىدىندۇر. سەۋەب قانۇنىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىخەتەر ئورۇن. ئەمىرنى ئۈچىنچى ئورۇنغا ۋە نائىب ئەمىرنى سەپنىڭ ئوتتۇرىغا تىزىش بولسا ئەمىر ۋە نائىب ئەمىرنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈندۇر.

قەنناس ئاتقۇچى سەككىزىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. ئۇ ئەتراپنى كۆزىتىپ مېڭىشى، ئەمىرنىمۇ كۆزىتىپ مېڭىشى ۋە ئۆزىگە مۇۋاپىق ئورۇن كۆرۈپ مېڭىشى كېرەك.

قەنناس ئاتقۇچى يارداەمچىسى توققۇزىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى باشقا يارداەمچىلەرگە ئوخشاش.

ئونىنچى بولۇپ ماڭىدىغان شەخس ئاپتوماتتىن باشقا قورال ئالمايدۇ. بۇ

(ئاخىرى 4- بەتتە)



(بېشى 3- بەتتە)
كىشى جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى، بىر ياقتىن ئارقا تەرەپنى كۆزىتىپ ماڭسا، يەنە بىر ياقتىن ئالدىدىكى ھەممەيلەنگە دىققەت قىلىپ مېڭىشى، سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارغا، ياردارلارغا ياردەم بېرىپ مېڭىشى كېرەك. ئارقىدا ماڭغان كىشى چوقۇم يولنى ياخشى بىلىدىغان بولۇشى لازىم.

رازۋېدكا گۇرۇپپىسىدىكى پىلىموت، RPG ۋە قەنناس گۇرۇپپىنىڭ مۇداپىئەچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلار يول يۈرگەندە بولسۇن ياكى توختىغاندا بولسۇن پىكىرلىرى گۇرۇپپىدىكىلەرنى قانداق مۇداپىئە قىلىشتا بولۇشى كېرەك.

## رازۋېدكىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئاياغ ئىزىغا دىققەت قىلىپ تەكشۈرۈش، رازۋېدكا قىلغىلى بارغان ئورۇنغا نەرسە-كېرەك، ئەخلەتلەرنى تاشلىماسلىق ۋە ئۇنتۇپ قالماسلىق، كۆرگەن نەرسىلەرنى ئېسىدە ساقلىۋېلىش، بولۇپمۇ ئالاھىدە نەرسىلەرنى ئېسىدە ياخشى ساقلىۋېلىش، شۇ ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى ئەسلى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك، دەرەخ شاخلىرىنى كەسمەسلىك، ئەگەر ئەسلى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىلگەن نەرسىلەر بولسا (يەنى كېسىلگەن شاخ ياكى ئەخلەت ۋە ياكى تاماكا قالدۇقى دېگەندەك)، ئىشقىلىپ بىزدىن باشقىلارنىڭ كەلگەنلىكىگە ئائىت نەرسىلەرگە دىققەت قىلىش.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

■ بۇ يىل 5- ئايدا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدە خەلق باغچىسى يولىغا جايلاشقان، ياغاچ زاۋۇتى بىلەن مال بازىرىنى ئۆزگەرتىپ ياسىغان، كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان لاگېر قىسقىغىنە ئۈچ ئاي ئىچىدىلا، يەنى 8- ئايدا ئاساسەن ياساپ پۈتتۈرۈلگەن.

مەزكۇر لاگېرنى ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر نەپەر مۇخبىر يوشۇرۇن سۈرەتكە ئالغان بولۇپ، تارتىلغان سىن كۆرۈنۈشىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، لاگېر ئىچىدە توققۇز بىنا بار ئىكەن، بىنالار ئالدىغا كامېرالار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەربىر بىنا تۆت قەۋەتتىن قىلىنىپ ياسالغان، ھەربىر قەۋەتتە 27 يۈرۈش «ياتاق ئۆيى»، ئۈچ «دەرسخانا» بارلىقى مەلۇم بولغان. «دەرسخانا» ئىشىكلىرى قوش قەۋەتلىك تۆمۈردىن، دېرىزىلىرى تۆمۈر رىشاتكىلاردىن ياسالغان، ھەتتا «ئوقۇتقۇچى مۇنبىرى» بىلەن «مەھبۇسلار» ئارىسى تۆمۈر تورلۇق رىشاتكىلار بىلەن ئايرىۋېتىلگەن. سىن كۆرۈنۈشىدە يەنە لاگېرنىڭ ئەتراپىغا مەھبۇسلارنى مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش ئۈچۈن سېلىنىۋاتقان زاۋۇتلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئاشكارىلانغان.

مۇخبىر 9- ئايدا يەنە بىر قېتىم مەزكۇر لاگېرغا كەلگىنىدە، لاگېر ئىچىنىڭ «ئۇيغۇر مەھبۇس»لار بىلەن تولۇپ بولغانلىقى مەلۇم بولغان. رەببىمىز ئاللاھ مەزلۇم خەلقىمىزنى ئۆز ھىمايىسىدە ساقلىسۇن! (ئامىن)








# جىهاد چەشمىلىرى

■ 11- ئاينىڭ 7- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى مەيدان ۋەرداك ۋىلايىتى سەيىف ئاباد رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئىككى دانە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 27 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇ نۇقتىلارنى مۇكەممەل فەتھە قىلغان.

■ 11- ئاينىڭ 8- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى ھاما ۋىلايىتىنىڭ زالاقىيەت نۇقتىسىغا ئىلگىرىلەپ، رىباتتا تۇرۇۋاتقان بىر نەچچە نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىزنى شەھىد قىلغان. 11- ئاينىڭ 10- كۈنى سەھەردە ھەيئەتۇ تەھرىر شام جامائىتىنىڭ پىدائىيلار ئەترىتى بۇ ئەمەلىيەتكە قارىتا ھاما ۋىلايىتىنىڭ تۇرابىي يېزىسىغا جايلاشقان رۇسىيە ۋە بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىرلەشمە قوماندانلىق شىتابىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ 14 نەپەر ئەسكىرى، تۆت نەپەر مەسئۇلى ۋە يەتتە نەپەر رۇس ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن. بۇ قوماندانلىق شىتابى مۇجاھىدلار ئورۇنلاشقان زالاقىيەت نۇقتىسىغا بىر كىلومېتىر كېلىدىكەن.



■ 11- ئاينىڭ 8- كۈنى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شىتاتى بويۇد رايونىدا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، ھازىرغىچە 48 نەپەر پۇقرا ئۆلگەن؛ ئۈچ نەپەر ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى يارىلانغان؛ 200 نەپەر ئادەم ئىز-دېرەكسىز يوقالغان؛ بۇ رايوندىكى 52 مىڭ ئاھالە ئۆيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان؛ ئوت ئاپىتىدە 55 مىڭ گېكتار يەر كۆيۈپ كەتكەن؛ 8817 يۈرۈش ئىمارەت ۋەيران بولغان. بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى كالىفورنىيە شىتاتىغا نىسبەتەن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ ۋە زىيان كۆپ بولغان ئوت ئاپىتى ھېسابلىنىدىكەن.



■ 11- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ قاتاردا تۇرۇشلۇق سىياسىي باشقارما ۋەكىللىرى رۇسىيە پايتەختى موسكۋادا ئافغانىستان مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنغا قاتناشقان. بۇ ۋەكىللەر يىغىندا: «ئافغانىستان دۆلىتىدە يۈز بېرىۋاتقان پۈتۈن مەسىلىلەرگە ئامېرىكا سەۋەبچى، شۇڭا ئامېرىكىلىقلار دەرھال ئافغانىستان زېمىنىدىن چېقىپ كېتىشى كېرەك» دېگەن. بۇ ۋەكىللەر يەنە: «بىر نەپەر تاجاۋۇزچى ئەسكەرمۇ ئافغانىستان زېمىنىدا قالسا بولمايدۇ» دەپ تەكىتلىگەن. 11- ئاينىڭ 6- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى باياناتچىسى زەبىھۇللاھ مۇجاھىد ئېلان قىلغان باياناتىدا: «بۇ يىغىن ئافغان ھۆكۈمىتى بىلەن تالىبانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈلهى قىلىش يىغىنى ئەمەس» دېگەن ئىدى.



■ 11- ئاينىڭ 11- كۈنى ئاتالمىش ئىسرائىلىيىنىڭ بىر نەچچە نەپەر ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرى غەززە شەھىرىنىڭ خان يۈنۇس رايونىدا مۇجاھىدلارغا قارشى يوشۇرۇن ئەمەلىيەت ئېلىپ بارماقچى بولغان. مۇجاھىدلار بۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى سېزىپ قېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. نەتىجىدە يەھۇدىيلارنىڭ بىر نەپەر ئەسكىري مەسئۇلى ئۆلۈپ، بىر نەپىرى يارىلانغان. ئىسرائىلىيە ھاۋا ئارمىيىسى زەربە يېگەن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن مۇجاھىدلار رايونىنى بومباردىمان قىلىپ، ئىززىددىن قەسسام جامائىتىدىكى ئەسكىري قوماندان شەيخ نۇرىددىن مۇھەممەد بەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىزنى شەھىد قىلغان. غەززەدىكى مۇجاھىدلار يەھۇدىي ئەسكەرلىرىنىڭ قىلغان ئەمەلىيىتىگە قارشى يەھۇدىيلارنىڭ بىر دانە ئەسكەر توشۇيدىغان ئاپتوبۇسىنى نىشانلاپ ۋەيران قىلغان. يەھۇدىي تاراتقۇلىرى بۇ ئەمەلىيەتتە بولغان زىياننى يوشۇرغان. زەربىگە ئۇچرىغان يەھۇدىي ئەسكەرلىرى بۇنىڭغا چىدىماي غەززە شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە قارىتا كۈچلۈك ھاۋا ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان. بۇ ھاۋا ھۇجۇمىغا قارشى غەززەدىكى مۇجاھىدلار تاجاۋۇزچى يەھۇدىيلار جايلاشقان رايونلارغا 400 دانە ئۆزى ياسىغان راكېتا ئوقى قويۇپ بەرگەن. يەھۇدىي تاراتقۇلىرى بۇ بومباردىماندا ئىككى نەپەر يەھۇدىي كۆچمەننىڭ ئۆلگەنلىكى ۋە 10 نەچچە نەپىرىنىڭ يارىلانغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇ قېتىمقى غەززەدە بولغان ئەمەلىيەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، گەرچە يەھۇدىيلار 40 سائەت ئىچىدە 33 مىليون ئامېرىكا دوللىرى چىقىم قىلغان بولسىمۇ، مۇجاھىدلارغا چوڭ زەربە ئېلىپ كېلەلمىگەن.



■ 11- ئاينىڭ 11- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى فەراھ ۋىلايىتى ھاكسافىد ۋە گۈلىستان رايونلىرىدا بىر نەچچە ئەسكىري مەركەزنى فەتھە قىلىپ، 46 نەپەر مۇرتەد ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە توققۇز نەپەر ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالغان. ھاكسافىد رايونىنىڭ خوست مەنتىقىسىنى مۇكەممەل فەتھە قىلغان.

■ 11- ئاينىڭ 12- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ مەرگەنلەر گۇرۇپپىسى ئىدلىب ۋىلايىتىنىڭ تەلتوقان يېزىسى ئەتراپىغا جايلاشقان مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىسىغا يوشۇرۇن يېقىنلاشقان بولۇپ، چېكىنىش جەريانىدا مۇجاھىدلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، تۆت نەپەر مەرگەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 نەپەر ئەسكەر ئۆلتۈرۈلگەن.



■ 11- ئاينىڭ 12- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى ھاما ۋىلايىتىنىڭ جانابىرا يېزىسىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىغا ئىلگىرىلەش جەريانىدا، مۇجاھىدلار تەرىپىدىن قويۇلغان مىناغا چۈشۈپ، 10 غا يېقىن ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 11- ئاينىڭ 14- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ ئالتە نەپەر پىدائىيسى فەراھ ۋىلايىتىنىڭ فەراھ رود رايونىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بازىسىغا ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، ھۇجۇم بىر سائەت داۋاملاشقان. نەتىجىدە، مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ھەقسەر ۋە جاببار ئىسىملىك ئەسكىري مەسئۇلنى ئۆزئىچىگە ئالغان 35 نەپەر مۇرتەد ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن؛ ئالتە دانە ئەسكىري ماشىنىنى ۋەيران قىلىپ، ئۈچ دانە ماشىنىنى غەنىيمەت ئالغان. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر قېرىندىشىمىز شەھىد بولغان.



■ 11- ئاينىڭ 15- كۈنى فەراھ ۋىلايىتىنىڭ خاك سافىد رايونىدا ئافغان ئارمىيىسىنىڭ ئىككى نەپەر ئەسكىري مەسئۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 90 نەپەر ئەسكىرى ئىمارەت دەۋەت گۇرۇپپىسىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، قورال-ياراقلىرى بىلەن ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىگە تەسلىم بولغان.

■ 11- ئاينىڭ 16- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى لوگار ۋىلايىتىنىڭ باراكى بارك رايونىدا، مۇشۇ رايوننىڭ باشلىقى ئايىندىننى ئېلىپ ماڭغان ئوق ئۆتمەس ماشىنىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ماشىنىدىكى ئايىندىن بىلەن شۇ رايوننىڭ ئىستىخبارات مەسئۇلى ۋە ئۇلارنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن.



■ 11- ئاينىڭ 16- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى لازىقىيە ۋىلايىتىنىڭ ئەكراد تاغلىرىدىكى تەلبوركان



ۋە كاتۇف ھەسۇن نۇقتىلىرىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بەششار ئەسەدنىڭ 18 نەپەر ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە كۆپلىگەن قورال-ياراقلارنى غەنىيمەت ئېلىپ، ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 11- ئاينىڭ 17- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى شابىلاھا هوسسي ۋىلايىتى كورىيولى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا تاجاۋۇزچى ئۇگاندا ئەسكەرلىرىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بەش نەپەرئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يەتتە نەپىرىنى يارىلاندۇرغان.



■ 11- ئاينىڭ 18- كۈنى نىگېرنىڭ پايتەختى نىيامىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان تاجاۋۇزچى فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ بازىسى ئەتراپىدا، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە «Reaper» تىپلىق جاسۇس ئايروپىلانى چۈشۈپ كەتكەن. فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ نىگېردىكى بازىسىدا ئامېرىكىدىن سېتىۋالغان تۆت دانە «Reaper» تىپلىق جاسۇس ئايروپىلانى بار بولۇپ، بۇلارنى ئافرىقا دېڭىز ساھىلى رايونىدىكى مۇجاھىدلارغا قارشى ئىشلىتىپ كەلمەكتە.



■ 11- ئاينىڭ 19- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ ئەمىرى ھىببەتۇللاھ ئاخۇنزادە مۇجاھىدلار بىلەن بولغان جەڭلەردە ئەسىرگە چۈشكەن ئافغان ئەسكەرلىرىدىن 35 نەپىرىنى مۇرتەد ئارمىيە سېپىگە قايتا قايتماسلىق توغرىسىدا ۋەدە ئالغاندىن كېيىن ئائىلىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەن.



■ 11- ئاينىڭ 21- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى پايتەخت مۇقدىشۇنىڭ مەركىزىدە سومالى پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تاھىر ئەمىن جىسۇنىڭ ماشىنىسىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە تاھىر ئەمىن جىسۇ ساق قالغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان قوغدىغۇچىلار ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىري تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەممىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته